# 3996 ـ تەرجىمىسى بار مۇسهەف(قۇرئاننىڭ يېزىلمىسى )نىڭ بىر نۇسخىسىنى كاپىرغا بېرىشنىڭ هۆكمى

**سۇئال**

دەۋەت مەقسىتىدە غەيرى مۇسۇلمانلارغا ئەسلىدىكى ئەرەپچە تېكستى بار قۇرئان مەنىلىرىنىڭ تەرجىمىسىنى بېرىشكە بولامدۇ ؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

پەزىلەتلىك پېشىۋا مۇھەممەت بىن سالىھ ئۇسەيمىينگە تۆۋەندىكى سۇئالنى سۇنغانىدۇق :

ئەرەپچە تېكستىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمدە تەرجىمە ۋە يەشمە ئۇنىڭ يېرىمىنى ئىگەللەيدىغان قۇرئاننىڭ بىر نۇسخىسىنى كاپىرغا بېرىشنىڭ هۆكمى نىمە ؟

ئۇ مۇنداق جاۋاپ بەردى (ئاللاھ ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن) :

ئالىملار ئارىسىدا ھەممىگە مەلۇم نەرسە شۇكى ، كاپىرنى قۇرئانغا ئىگە قىلىشقا بولمايدۇ ، لىكىن كاپىر قۇرئان ھەققىدە كۆپرەك بىلىش ئارزۇسىدا سەمىمىي بولسا ، بىر ئادەم ئۇنى ئاممىۋى كۇتۇپخانىغا ياكى ئۆزىنىڭ شەخسى كۇتۇپخانىسىغا كىلىشكە تەكلىپ قىلسا ، ھەمدە ئۇ يەردە ئۇنىڭغا قۇرئاننى كۆرسەتسە بولىدۇ .

ئەگەر سىز ئەرەپچە تېكستى يوق قۇرئان مەنىلىرىنىڭ تەرجىمىسىنى تاپسىڭىز ، ئاندىن ئۇنى كاپىرغا بەرسىڭىز ئۇنىڭدا چاتاق يوق . ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .

پېشىۋا مۇھەممەت بىن سالىھ ئۇسەيمىين